# ئاللاھ تائالا يەھۇدىي، ناسارالارغا لەنەت قىلسۇن، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى ئىبادەتخانا قىلىۋالدى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سەكراتتىكى ۋاقتىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىگە بىر پارچە رەختنى يېپىپ قويدى، نەپەس ئېلىش قىيىن بولغاندا ئۇنىڭ يۈزىدىن رەختنى ئېلىۋەتتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇ ھالەتتە تۇرۇپ: « ئاللاھ تائالا يەھۇدىي، ناسارالارغا لەنەت قىلسۇن، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى ئىبادەتخانا قىلىۋالدى» دەپ ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن ساھابىلارنى ئاگاھلاندۇردى.
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

ئائىشە ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە شۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋاپات بولىدىغان ۋاقىتتا سەكراتقا چۈشۈپ قالدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىگە بىر پارچە رەخت يېپىپ قويۇلدى، سەكرات سەۋەبىدىن نەپەس ئېلىش قىيىن بولغاندا رەختنى ئېلىۋەتتى، مۇشۇنداق قىيىنچىلىق ھالەتتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئاللاھ تائالا يەھۇدىي، ناسارالارغا لەنەت قىلسۇن، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرى ئۈستىگە ئىبادەتخانا ياسىغان»، ئەگەر بۇ ئىش خەتەرلىك بولمىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سەكراتتىكى ھالەتتە بۇنى زىكىر قىلمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى ئۇلارغا ئوخشاش ئىش قىلىپ سېلىشتىن چەكلىدى. چۈنكى ئۇ يەھۇدىي ناسارالارنىڭ قىلمىشىدۇر، شۇنداقلا ئۇ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ئامىللارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/3330